# پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپسەندە قىلدى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل بولۇپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى يوق قوش ئۆلچىمى ۋە ساختىپەز، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ، شىنجاڭدا چوڭ بولغان بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى، گۇۋاھچىسى، قاتناشقۇچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن بۇنىڭغا چەكسىز غەزەپلىنىمەن، قەتئىي قارشى تۇرىمەن، كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. مۇرەككەپ، كەسكىن ۋەزىيەتكە قارىتا، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ يامراپ كېڭىيىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كۈچلۈك قوغدىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ باھاسىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشتى.

تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى باشتىن ـ ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ باردى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن، قانۇن ـ نىزاملارغا ئاساسەن، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيزم بىلەن يۇقۇملانغان، يېنىكرەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى تەربىيەلىدى، قۇتقۇزۇۋالدى، ياردەم بەردى، يۆلىدى، مەقسىتى تېررورىزم، ئەسەبىيزمنى مەنبەدىن يوقىتىش. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ باققانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ جاينىڭ تامامەن تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىغا، قانۇن بىلىملىرىنى، زامانىۋى مەدەنىيەتنى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىدىغان ئوچۇق شەكىلدىكى جەمئىيەت مەكتىپى ئىكەنلىكىنى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكىنى بىلىدۇ. شىنجاڭدا قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىش، تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۇسۇلى دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈردى.

ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. ھازىر، شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، خەلق تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى، دىنلار ئىناق ـ رايىش بولۇۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمەي، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتىغا بولغان سەممىي ئارزۇسىغا ماسلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، ئىقتىساد تەكشى، ساغلام تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ ساياھەتچىلىك تېز تەرەققىي قىلدى، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، «شىددەتلىك» ئېشىش كۆرۈلدى. بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق ساھەلەردىكى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، كۈچەپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈردۇق ۋە ياخشىلىدۇق. 2016 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ شەھەر ـ بازارلاردا جەمئىي 1 مىليون 400 مىڭ 800 ئادەم قېتىمنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 8 مىليون 305 مىڭ ئادەم قېتىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى، شەھەر ـ يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئەڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمى سىجىل ئۆستۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاندى... بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، ھەممىگە ئايان بولغان پاكىت، شىنجاڭغا كېلىپ باققان جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ ھەممىسى بەس ـ بەستە شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىدىن چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولدى، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى. بىراق، ئامېرىكا تەرەپ مۇشۇنداق ئاساسىي پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى، ئۇلار گۈللەنگەن، مۇقىم شىنجاڭنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ قەد كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، ئوچۇق ـ ئاشكارا پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قەستەن داغ تەگكۈزدى. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ شىنجاڭدا پەيدا قىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغا، زوراۋانلىق، تېررورلۇق تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى، ئەكسىچە تېررورىزم، ئەسەبىيزمگە ئوچۇق ـ ئاشكارا يانتاياق بولۇپ يەل بېرىپ، ئەڭ ئەقەللىي ھەققانىيلىقنى ۋە ۋىجدانىنى يوقاتتى.

شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ قان قېرىنداش تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقىدا باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە خاتىرجەملىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنىڭ دېگىنى ھېساب. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان بۇ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى پەقەت بىزنىڭ كىشىلەر قەلبىنى تېخىمۇ مۇجەسسەملەپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىدىغان ھەرقانداق سۈيىقەست ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

# ئۆزى رەزىللىككە تولغان تۇرۇپ، قانداقمۇ باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن سۆز ئاچالىسۇن؟

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھالبۇكى، ئامېرىكا ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىق ئوبيېكتىپ پاكىتلارغا پىسەنت قىلماي، شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى يامان غەرەزدە ئەيىبلىدى، ئۇنىڭغا قارا چاپلىدى، بوھتان چاپلىدى، ھەتتا تۇتامى يوق گەپ قىلىش، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق تۆھمەت قىلدى. «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭدا مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىپ، مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىپ، دىنلار ئىناقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويغاندا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار گاس ـ گاچا بولۇۋالدى، قەتئىي كارى بولمىدى؛ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، ھەر مىللەت خەلق كۈندىن ـ كۈنگە ئىناق، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندا، ئۇلار سەكرەپ چىقىپ، ساختا ياخشىچاق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى كەلسە ـ كەلمەس ئەيىبلىدى. بۇنداق ئامېرىكىچە قوش ئۆلچەمدە، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىككە ئەقەللىي ھۆرمەت كەمچىل، نەقەدەر ساختا، نەقەدەر زومىگەر، خەلقئارا ئەخلاق ـ ھەققانىيلىقنى ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپ، بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە ھەققانىيەتچى كىشىلەر بۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قۇسۇر تېپىشنى ياخشى كۆرۈشى، پەقەت «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش بولۇپ، ئەڭ ئاخىردا يەنىلا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى دەل مۇشۇنداق ئاتالمىش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىدىغان بىر ناچار «ئەسەر»دۇر. ھەققىي ئەھۋالنى بۇرمىلاشقا يول قويۇلمايدۇ، ھەققانىيەتنى يەڭگىلى بولمايدۇ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش سۈيىقەستى مۇقەررەر جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.

دانالار ئۆزىنى بىلىدۇ، ئۆزىنى بىلگەنلەر ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم قوللاندى: تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى جۇغراپىيەلىك سىياسىيىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ، قانچە قارشى تۇرغانسېرى تېررورلۇق شۇنچە ئەۋج ئېلىپلا قالماي، يەنە رايون مالىمانچىلىقى، ئەنسىزلىك پەيدا قىلىپ، مىليونلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نۇرغۇن مۇساپىر يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولدى؛ ئۆزىنى ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ھېسابلاپ، «كىشىلىك ھوقۇق ئۇستازى» قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ھە دېسىلا باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا كەلسە ـ كەلمەس قول تىقتى، لېكىن ئۆزىنىڭ رەزىللىككە تولغان كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۈنى تىنىق ئالمىدى. بۈگۈنكى ئامېرىكىغا قارايدىغان بولساق، باي ـ نامراتلىق بۆلۈنۈشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، ئىرقىي كەمسىتىش تېخىمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ، جىنسىي كەمسىتىش كىشىنى چۆچۈتىدۇ، كۆچمەنلەر تراگېدىيەسى ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئۆزىدە شۇنچە چاتاق تۇرسا، باشقىلارنى ئەيىبلەشكە قانداق سالاھىيىتى بولسۇن؟

ئامېرىكا قوش ئۆلچەمنى يۈرگۈزۈپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سان ـ ساناقسىز ئىنسانپەرۋەرلىككە يات ئاپەت پەيدا قىلدى، ئۆزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدىغان بۇنداق زومىگەرلىك قىلمىشى ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، قوش ئۆلچەمنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاتالمىش شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىش، قۇترىتقۇلۇق قىلىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىمىز، ئۇنداق قىلمىسا، جەزمەن ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا «قوش ئۆلچەم»دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇش ئەڭ ئاخىردا ئۆز بېشىغا چىقىدۇ

(بېشى 2 ـ بەتتە)

«قوش ئۆلچەم» قوللىنىشتىن كېلىپ چىققان پاسسىپ ئاقىۋەتكە قارىتا، ئامېرىكا ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش تەدبىرىنى تاپالمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ھەمىشە «بېشى بار ئايىغى يوق» بولۇپ قالدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن ھامان، ئامېرىكا يۈكنى تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كېتىپلا قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى. ئافغانىستاندا شۇنداق بولدى، ئىراقتا شۇنداق بولدى، لىۋىيەدە شۇنداق بولدى، سۈرىيەدىمۇ شۇنداق بولدى. سىرتقا ئارىلىشىشنىڭ قانۇنلۇقلىقى كەمچىل بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا ئامېرىكا ئارىلاشقان دۆلەتلەردىكى ئاۋامنىڭ ئامېرىكىغا قارشى كۈچلۈك كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن يەنە ۋاستىلىك ھالدا تېررورىزمنىڭ كېڭىيىشىنى جەمئىيەت پسىخىكا ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ئافغانىستان، ئىراق ۋە لىۋىيەگە ھەربىي جەھەتتىن ئارىلاشقاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ دۆلەتتىكى تېررورىزم ۋەزىيىتىنىڭ تېز يامانلىشىشى، باشقا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئارقىلىق ئاتالمىش «دېموكراتىيەنى كۆچۈرۈش»نىڭ ھەرگىزمۇ تېررورىزمنى تىزگىنلەشنىڭ شىپالىق دورىسى ئەمەسلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى بەدەل قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت قىممىتى، تارىخىي ئەنئەنىسى، سىياسىي تۈزۈلمىسى ۋە تەرەققىيات يولى قاتارلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلمەسلىكى ۋە مەنسىتمەسلىكى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىزمنى تۈزەش جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئېغىر بولغاندا ھەتتا خەلقئارا تەرتىپنىڭ ئۆلچەم ئاساسىنى تەۋرىتىۋەتتى.

**تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى «قوش ئۆلچەم»نىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپى**

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا «قوش ئۆلچەم»دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇشتىكى ئاخىرقى مەقسىتى يەنىلا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئامېرىكىنىڭ يەرشارىۋى زومىگەرلىكىنى قوغداش. ئامېرىكا قانات يايدۇرغان يەرشارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى سىرتقا نىسبەتەن ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىق سىستېمىسىنى ساقلاپ قېلىشىغا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشىغا پايدىلىق، بۇلار ئامېرىكىدىكى ھۆكۈمەتتىكىلەر ۋە ھۆكۈمەت سىرتىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. خۇددى رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن كۆرسەتكەندەك، ئامېرىكا دائىم شەخسىيەتچىلىك شەكلىدە ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسىيسى ۋە دۆلەت مەنپەئەتىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ھەم ئۇنى قەتئىي بوشاشماي قوغلىشىدۇ. ئارقىدىن، «ياكى دوست، ياكى دۈشمەن» دېگەن پرىنسىپ بويىچە دۇنيانى قارا ياكى ئاق دەپ ئىككى مەنبەگە ئايرىيدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان ئاشۇ دۆلەتلەر ھەمىشە ئامېرىكا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان، ھەتتا زەربە بېرىدىغان كۈلپەتلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ، تىپىك زومىگەرلىك ۋە يەككە تەرەپچىلىك تەپەككۇر. مەسىلەن، 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرنى ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشىنى پائال قوللايدىغان دۆلەتلەر ۋە قوللاش نىيىتى يوق دۆلەتلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدى. كېيىنكى تۈردىكى دۆلەتلەرگە قارىتا، ئامېرىكا: «بىز ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقلۇق زېمىنىدا خەلقئارا تەھدىتكە قارىتا ھەرىكەت قوللىنىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتىگەنلىكىنى باشقا دۆلەتلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق، تېررورچىلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەبلەغ يارىدىمىگە، قوللاشقا ۋە پاناھلىنىش ئورنىغا ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز» دەپ ئېنىق تەھدىت سالدى. بەلكى، ئامېرىكا تەرەپتىن تېررورچىلارنى قوللايدۇ، دەپ بېكىتىلگەن ئاشۇ دۆلەتلەر، مەسىلەن، 2003 ـ يىلى «تېررورىزمغا زەربە بېرىش دۆلەت ئىستراتېگىيەسى»دە بېكىتىلگەن ئىران، ئىراق، سۈرىيە، لىۋىيە، كۇبا، چاۋشيەن ۋە سۇداندىن ئىبارەت يەتتە دۆلەت، 2006 ـ يىلى بېكىتىلگەن ئىران، سۈرىيە، سۇدان، چاۋشيەن، كۇبادىن ئىبارەت بەش دۆلەت بىردەك ئامېرىكىنىڭ ئۆزلىرىدىن «ئىگىلىك ھوقۇق» مەسئۇلىيىتىنى مۇۋاپىق ئادا قىلىشتا «ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش»نى تەلەپ قىلىش تەھدىتىگە ئۇچرىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ «ئالاھىدە غەمخورلۇقى»غا ئېرىشىشىنى تېررورچىلارغا مەبلەغ ياردىمى بەرگەنلىكتىن بولدى دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ ئامېرىكا بىلەن دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋىتى بارلىقىدىن بولدى دېگەن تۈزۈك، ئۇلارنىڭ تېررورچىلارنى راستىنلا قوللايدىغان ـ قوللىمايدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ھەرگىزمۇ ئامېرىكا كۆڭۈل بۆلىدىغان يادرولۇق مەسىلە ئەمەس. خۇددى ئامېرىكا ھازىرغا قەدەر سادام ھاكىمىيىتىنىڭ «بازا» بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنىڭ ئىسپاتىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەكسىچە ئالدىن قول سېلىش شەكلىدە سادام ھاكىمىيىتىنى قوپاللىق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

نۇرغۇن پاكىت شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، ئۇنىڭ يەرشارىۋى زومىگەرلىك ئورنىنى قوغداش مەقسىتىدە ھەممىدە ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان مەدەنىيەت ئەۋزەللىك تۇيغۇسىنى قوغداش ئۈچۈن، ئامېرىكا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدا باشقا ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ ــ ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ــ ئەقەللىي ھۆرمىتىنى قىلىشنى خالىمىدى. گەرچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئامېرىكا باشقا غەرب دۆلەتلىرى بىلەن نۇرغۇن مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا ئاساسەن، ئامېرىكا كۆپ ھاللاردا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۆلچىمىنى بېكىتىشكە يېتەكچىلىك قىلدى، باشقا غەرب دۆلەتلىرى بولسا، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قارالمىسى ۋە ئۆلچىمىگە ئەگەشكۈچىلىك رول ئوينىدى. ھالبۇكى، مەنپەئەت تەلىپى ۋە تەھدىت تونۇشىدىكى پەرق تۈپەيلىدىن، ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشى بولغان تەقدىردىمۇ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلۇش پوزىتسىيەسىدە بولالمىدى. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىراققا تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى فرانسىيە ۋە گېرمانىيە تۇتقان قارشى تۇرۇش پوزىتسىيەسى، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر رەھبەرلىرىنى نازارەت قىلىپ تىزگىنلىشى ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىران يادرو كېلىشىمى مەسىلىسىدىكى مەيدان پەرقى قاتارلىقلار، بۇ خىل مەسىلىلەر غەربنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى مەيدانىنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرى ۋە مەنپەئەتىگە ئامېرىكىنىڭ قۇلقىنى يوپۇرۇۋېلىشى نورمال ھالەتكە ئايلاندى، بۇ ئۇلارغا مۇنداق ساۋاق ئېلىپ كەلدى: تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ئامېرىكىغا قەدەممۇقەدەم ئەگىشىپ مېڭىشنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى قوللاش ۋە تەشەككۇر بولماستىن، ئەكسىچە كەمسىتىش ۋە ھاقارەت بولۇشى مۇمكىن.

كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەھۋال تېخىمۇ مۈشكۈل. ئۇلار گەرچە ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى «قوش ئۆلچەم»دىن قاتتىق نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا ئىگە بولغان كۈچلۈك ماددىي ئەمەلىي كۈچ ۋە سۆز قىلىش ھوقۇقىدىن قورقۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا «قوش ئۆلچەم»دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت پاكىتنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز.

ھالبۇكى، 11 ـ سېنتەبىر قاتارلىق ۋەقەلەر تېررورىزم ئالدىدا ھېچقانداق دۆلەتنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىنغان قەلئەدەك ئۆزىنىڭ تېررورچى ئۇنسۇرلار ياكى تەشكىلاتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىشقا كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. خەلقئارا تېررورىزمنىڭ كېڭىيىشى ۋە يامرىشى ئىنسانلارنىڭ نۆۋەتتە تېررورىزمنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىشكە ئامالسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتىكى «قوش ئۆلچەم»نى چۆرۈپ تاشلاپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات داۋاسىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە كۆپلىگەن غەيرىي دۆلەت ھەرىكەت گەۋدىلىرىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەريانىدىكى سەممىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشكە كۈچ چىقىرىشلا پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدا تېررورىزم كۈچلىرىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئەكسىچە، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا «قوش ئۆلچەم»دە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا شەخسىي مەنپەئەتنى قوغلىشىش پەقەتلا ھازىرقى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورىزمنى يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش جەھەتتىكى تۈرلۈك تىرىشچانلىقىغا توسالغۇ بولىدۇ، ھەتتا تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە قارىتىلغان تېخىمۇ كۆپ تېررورلۇق ھۇجۇملىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەڭ ئاخىردا ئۆز بېشىغا چىقىشى مۇمكىن.

**(2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى «نۇر گېزىتى»گە بېسىلغان، ئاپتور لەنجوۋ داشۆ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى، سىياسىي ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت شۆبىۋەنىنىڭ مۇئاۋىن يۈەنجاڭى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)